# رامىزان ئىبادەت ئۈچۈن پۇرسەت

[ئۇيغۇرچە]

## شهر رمضان فرصة للعبادة

[باللغة الأويغورية]


خاتىپ: شەيخ سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ھۇمەيد

الخطيب: الشيخ صالح بن عبد الله بن حميد

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

المترجم: سراج الدين عزيزي

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# رامىزان ئىبادەت ئۈچۈن پۈرسەت

2008-يىلى 09- ئاينىڭ 19- كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمەنامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"رامىزان ئېيى ئىبادەت ئۈچۈن پۈرسەت، مۇسۇلمان بۇ ئاينىڭ كېلىشىدىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. ئى مۇسۇلمانلار سەجدىنى كۆپ قىلىڭلار، يېتىم-مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈڭلار، تۇغقانلىرىڭلارنى يوقلاپ تۇرۇڭلار، سەدىقىنى كۆپ قىلىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل-ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىڭلار!

رامىزان ئېيى تىرىشچانلارنىڭ كۆڭۈل ئارامى، باغچىسى، ئابىدلارنىڭ كۆز قارچۇغىسىدۇر. بۇ ئايدا ئىبادەت ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىقلار قىلىنىدۇ. رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن

مۇسۇلمانلار مۇسابىقىگە چۈشىدۇ . رامىزان روزىسىنى تۇتۇش گۇناھلارغا كەپپارەتتۇر. رامىزان ئېيىدا جەھەننەمنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدۇ. جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ روزا تۇتقان كىشىنىڭ بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئايدا قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا بولغان ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. قەدىر كېچىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ كېچىدە قىلغان ئىبادەت مىڭ ئاي قىلغان ئىبادەتتىن ياخشىدۇر. رامىزان ئېيى شۇنداق خۇشاللىق ئايىكى،مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى بۇ ئاي كېلىشى بىلەن تەڭ سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. بىر بىرلىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئايدا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلىش نېمىدېگەن خۇشاللىنارلىق!. بۇ ئاي ئوتتىن ئازات بولۇش، جەننەتكە نائىل بولۇش، مەغپىرەت ئېيىدۇر. رامىزان ئېيىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن مۇسۇلمانلار غەمكىن بولىدۇ. ھەرقانداق بەندە ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تېتىمىغۇچە تەن سالامەتلىكىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ. ئاللاھنىڭ زىكرىگە داۋام قىلالمايدۇ. بەندە خاتالىق كېسىلىنى تەۋبە ئارقىلىق داۋالىشى كېرەك. غەپلەت كېسىلىنى ئاللاھ تەرەپكە قايتىش بىلەن داۋالىشى كېرەك. قەبرىنىڭ تەنھالىقىنى ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقىتالمايدۇ. ئوتنىڭ ئازابىنى ئىمان نۇرىدىن باشقا نەرسە كەتكۈزەلمەيىدۇ. قىيامەتتىكى كۆۋرۈكتە، ھاياتتا قەدەملەر ھىدايەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرماستىن ئورناشمايدۇ. توغرا يول ئەھلىنىڭ يولىدا ماڭغان كىشى جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. نەسىھەتچىلەرنىڭ توغرا نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلار پۇشايمان قىلىدۇ. ھەقىقىي كارامەت تەقۋالىق كارامىتىدۇر. ھەقىقىي شەرەپ ئىتائەت شەرىپىدۇر .

ئاللاھ بەزى كۈن ۋە ئايلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. قەدىر كېچىسىنى مىڭ ئايدىن ئۈستۈن قىلدى. ھەربىر مەۋسۇمدە ئاللاھنىڭ بىر پەزلى نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەۋسۇملەردىن پايدىلانغانلار ھەقىقىي بەختلىك كىشىلەردۇر. بۇ بەرىكەتلىك كۈنلەردە ئاللاھنىڭ بەرىكەتلىرىنىڭ ھىدىنى پۇرىغان كىشىمۇ ئىنتايىن بەختلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ بەرىكىتىگە نائىل قىلغان كىشىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختسىز قىلمايدۇ. رامزاندىن قېپقالغان ساناقلىق ئاز كۈنلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئاللاھتىن قورقۇش، ساۋاپ ئۈمىت قىلىش، كۆزلەرنى يىغا زارى بىلەن ئۆتكۈزۈش، قۇلاقلارنى ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزۈش تولىمۇ ياخشىدۇر. پۇرسەت كېتىشتىن بۇرۇن ئالى ھىممەت بىلەت ئاللاھنىڭ قىممەت باھالىق جەننىتىنى تىلەش كېرەك.

ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ پەرز قىلغان ئەمەللەرنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىشتۇر. ئاللاھ ھارام قىلىپ چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشتۇر. ئاللاھقا نىيەتنى توغرىلاش، نەپلە ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئاللاھقا يېقىنلىشىش، مەكرۇھلاردىن يىراق بولۇش ئارقىلىق ھاراملاردىن ساقلىنىش ھەقىقىي تەقۋالىقتۇر. ئاللاھ كىمنى ياخشى كۆرسە تائىتىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى زىكىر، ئىستىغفارنى كۆپ قىلىشتۇر . بۇ ئۇلۇغ رامىزان ئايدا كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسىدۇر. رامىزان ئېيى ئۇلۇغ ئاي بولۇپ ياخشى كىشىلەر بۇ ئاينى ھەرگىز بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن تائەتـ ئىبادەت قىلىدۇ. رامىزان ئېيىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن

كىشى ھەقىقىي بەختلىك كىشىدۇر. ئىنساننىڭ بۇ ئۇلۇغ ئايغا يېتىشكىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتىدۇر. بۇ ئايدا ياخشى ئەمەللەر، ئىبادەتلەر ئۈچۈن رىقابەتكە چۈشۈشتىن ياخشى رىقابەت يوقتۇر. ھەربىر مۇسۇلمان بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن قەدىر كېچىسىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشى كېرەك. بۇنداق ئۇلۇغ پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىش ھەقىقىي مەھرۇملۇقتۇر. ئاللاھ بىزلەرنى قەدىر كېچىسىگە يەتكۈزسۇن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلسۇن، ئۇلۇغ رامزاننىڭ شاراپىتىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن ئامىن!.